# پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەمئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە) دەپ تۇرغاندا، ھېچقايسىمىز دۈمبىسىنى تۈزلىمەيتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بارغاندا، ئاندىن بىزمۇ سەجدىگە باراتتۇق

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئەلختمى ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلبەرا ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەردى، (ئۇ يالغانچى ئەمەس) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەمئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە) دەپ تۇرغاندا، ھېچقايسىمىز دۈمبىسىنى تۈزلىمەيتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بارغاندا، ئاندىن بىزمۇ سەجدىگە باراتتۇق

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ساھابە كىرام بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىغا نامازدا ئىمام بولاتتى، ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتلىرى تامام بولغاندىن كېيىن بولاتتى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ (سەمئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە) دېسە، ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەددىنى رۇسلايتتى. رەسۇلۇللاھ سەجدىگە بېرىپ يەرگە بېشى تەگكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ سەجدىگە باراتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6097